
«شەرق شاملى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى ( 268 )
“东风工程”图书出版项目之268
سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى ئوقۇشلۇقى

# پورەكلەپ ئېچىلغان ئىتتىپاقلىق گۈللىرى

(رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

—— شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نامراتلارنى
يۆلەشكە دائىر ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: لىيۇ يىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

# پورەكلەپ ئېچىلغان ئىتتىپاقلىق گۈللىرى

(رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

—— شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر ھېكايىلەر


تۈزگۈچى: ليۇيىن

تەرجىمە قىلغۇچىلار: **ھەبىبۇللا ئىلياس**

**دىلنۇر زەينۇللا**



**شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى**

**شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى**

**图书在版编目（CIP）**

画说团结之花别样红：新疆民族团结扶贫帮困的故事：维吾尔文/刘寅主编．艾比布拉·艾力牙斯等译．—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.7

ISBN 978-7-80744-359-9

Ⅰ．画… Ⅱ．刘… Ⅲ．纪实文学-作品集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 108082 号

**画说团结之花别样红**（维吾尔文）

——新疆民族团结扶贫帮困的故事

刘寅　编著

艾比布拉·艾力牙斯等　译

新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社 出版

（乌鲁木齐市西虹西路 36 号　邮政编码：830000）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

787mm×1092mm　32 开本　3 印张

2008 年 8 月第 1 版　2008 年 8 月第 1 次印刷

印数：1-22 600 册

ISBN 978-7-80744-359-9（民文）　定价：9.10 元

پىلانلىغۇچى: دۇڭ فېڭ
ئومۇمىي لايىھىلىگۈچى: چۇ يۈەن
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: داڭ خۇڭ
رەسىملىرىنى سىزغۇچى: لوڭشىخۇي كارتون فىلىم چەكلىك شىركىتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: بۇخەلچەم باۋدۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: مەرھابا مۇھەممەت

**پورەكلەپ ئېچىلغان ئىتتىپاقلىق گۈللىرى (رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)**
— شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر ھېكايىلەر
تۈزگۈچى: لىيۈيىن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەبىبۇللا ئىلياس
دىلنۇر زەينۇللا

*　　*　　*

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى،
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر پوچتا نومۇرى: 830000)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787mm×1092mm، 1/32 باسما تاۋىقى: 3
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 22600
ISBN 978 − 7 − 80744 − 359 − 9
باھاسى: 9.10 يۈەن

# كىرىش سۆز

«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقنىڭ تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ئارىسىدا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىپ، ئۇلارغا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئىقتىدارىنى كۆچەيتىدىغان ئاخبارات ـ نەشرىيات ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى ھەممە يېزا ـ كەنتلەرگە كىتاب، ئۈن ـ سىن نەشر بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش — «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ۋە مەركەزنىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتىگە ئائىت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قوش تىل مائارىپى ئوقۇشلۇقلىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى-

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، كۆڭۈل ئېچىشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، ماركسىزملىق دىن قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىگە دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار قاتارلىق ئون چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەزمۇن جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي لىنىيە قىلىندى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي تاپقان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا ئىستىلى مەدەنىي، كەنت مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، باشقۇرۇشى دېموكراتىك بولۇش» قا يېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشان قىلىندى؛ نەشر قىلىشتا «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسىپلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسەت قىلىندى: ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش پرىنسىپ قىلىندى. بىز نەشر بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە، تېكىستىمۇ، رەسىممۇ، ئاۋازىمۇ بار قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشغا، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشغا كۈچىدۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى يۈكسەكلىك ۋە يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتۇق.


بىز يەنە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى، كىتاب ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇشىنى،

پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىنى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ، ئىلمىي بېيىشىنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقىنىڭ
«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە

غۇنچىلارغا سىڭدۈرۈلگەن چىن مۇھەببەت ...........................(1)
چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت ...................................(8)
ئالغىسىنىڭ بەختلىك ئائىلىسى ....................................(16)
پەۋقۇلئاددە ئاكا ـ سىڭىللىق مېھىر ـ مۇھەببەت ...........(23)
يېتىم قىز ئايمان ۋە ئۇنىڭ 20 خەنزۇ ئانىسى ...............(28)
پورەكلەپ ئېچىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى ....(35)
ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا چۈشكەن مۇھەممەت جۇمەنىڭ
تەسىراتى..............................................................(40)
ئارىشاڭ دەرياسىنىڭ ياخشى ئوغلى ..............................(48)
تىللا ھەسەن ئانا ...................................................(55)
كاۋاپچى ئالىمنىڭ كۆيجۈلۈق نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم
بەرگەنلىكى ..........................................................(61)
قاراماي شەھىرىدىكى «مېھرىبان ئانىلار» ......................(66)
يېقىن كىشىمىز كۆشە ...............................................(71)
ياخشى كادىر چيۇ يۈڭ ..............................................(78)



## غۇنچىلارغا سىڭدۈرۈلگەن چىن مۇھەببەت

ئۇ بىر ئادەتتىكى باج كادىرى بولسىمۇ، ئۇدا يەتتە يىل ئۆزىنىڭ ئازغىنە كىرىمىدىن 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئوقۇشسىز قالغان 14 بالىنىڭ قايتىدىن مەكتەپتە ئوقۇشىغا ياردەم بەردى، يەنە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈشىگە مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنىڭ «پارتىيىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش سوتسىيالىزمنى سۆيۈش» تەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەسىرلىك سەھىپىسىنى يازدى.




ئۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ
كۇچا ناھىيىسى يەرلىك باج
ئىدارىسى يېڭىشەھەر باجخانى-
سىنىڭ كادىرى قاھار قۇربان
ئىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان،
ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئوقۇ-
غۇچىلارغا ياردەم بېرىش، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداشتەك تەسىرلىك ئىش
ئىزلىرى كۇسەن دىيارىدا كەڭ
تارقىلىپ كەلدى.



كىچىكىدە، ئائىلىسىدە
قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن،
ئاچا - ئىنىلىرى تۇغما ئە-
قىللىق بولغان قاھار قۇربان-
نىڭ ئوقۇشنى تاماملىشىنى
قوللاش مەقسىتىدە، ئىل-
گىرى - كېيىن ئوقۇشتىن
توختاپ قالغانىدى. قاھار قۇر-
بان شۇ چاغدىلا ئىچىدە، ئو-
قۇشتىن قالغان بالىلارغا چوقۇم ياردەم بېرىمەن، دەپ قەسەم
قىلغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ شەرەپلىك باج كادىرى بولغاندىن
كېيىن، نامرات بالىلارنىڭ ئوقۇشنى تاماملىشىغا مەبلەغ جەھەت-
تىن ياردەم بېرىشتەك كۆڭۈل ئارزۇسىنى تەدرىجىي ئىشقا ئا-
شۇردى.

2001 - يىلى 9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى قاھار قۇربان رەنا كېرەمنىڭ سانجى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشقا بارالمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 300 يۈەن ئاپىرىپ بەرگەنىدى، كېيىن يەنە 6000 يۈەن ياردەم قىلدى.






2002 - يىلى 9 - ئايدا، قاھار قۇربان غەربىي رايون مائارىپىغا ياردەم بېرىش چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، كۇچا ناھىيىلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تۆت نەپەر نامرات ئوقۇغۇچى بىلەن «ياردەم بېرىش، بىر جۈپ بولۇش» مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ يەتتىنچى يىللىقتىن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ئوقۇش راسخوتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com



گاۋلىخەي، گەنسۇلۇق دېھقان
ئىشلەمچىنىڭ بۇ ئوغلى قاھار
قۇربانىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقار-
مايدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمگەك ئىق-
تىداردىن قېلىپ، ئائىلىسىنىڭ
قەرزى كۆپىيىپ، تۇرمۇشى ئېغىر
قىيىنچىلىقتا قالغان چاغدا، كوچا
بەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى
قاھار قۇربان تاغا ئۇلارغا ئۈمىد
بېغىشلىدى.

2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى. قاھار قۇربان باج
تاپشۇرىدىغان ئائىلىلەرنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، سۇلياۋ بوتۇلكا يىغىپ
يۈرگەن ئون بىر ـ ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر بالىنى ئۇچرىتىپ
قالدى. ئۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ بالا بىلەن
پاراڭلاشتى. ئۇنىڭ كۆ-
يۈمچانلىق بىلەن تىكى-
لىپ تۇرغان كۆزلىرىگە
قاراپ، ئۆزىنى توختى-
تىۋالالماي قالغان بالا
يىغلاپ تۇرۇپ ئائىلە
ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيى-
تىپ بەردى.





ئەسلىي، بالىنىڭ ئىسمى گاۋلىخەي بولۇپ، ئىككى يىل ئىلگىرى دادىسى بىلەن كۇچاغا كەلگەن ئىكەن. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دادىسى پارالىچ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىپ، ئاز ـ تولا پۇل تېپىش مەقسىتىدە ئوقۇشتىن توختاپ قاپتۇ.



گاۋ لىخەينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قاھار قۇربان دەرھال ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، يېنىدا بار 300 يۈەن پۇلنى كېسەل ياتقان گاۋ لىخەينىڭ دادىسىغا بېرىدۇ. قاھار قۇربانىنىڭ ياردىمى بىلەن گاۋ لىخەي قايتىدىن ئوقۇشقا كىردى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى.





قاھار قۇرباننىڭ ئائىلىق ئىش ھەققى مىڭ يۈەندىن ئاشمايدىغان بولۇپ، ئائىلىسىدىكى ئۈچ جان ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ، ھەر ئايدا نورمال چىقىمدىن باشقا پۇللارنى تېجەپ قىلىپ، پۈتۈنلەي نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 2001 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇ ھەر يىلى 200 يۈەندىن كۆپرەك پۇل-نى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئو-قۇشىغا ئىشلىتىپ كەلدى.

قاھار قۇرباننىڭ خاتىرىسىدىن مۇنداق قۇرلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: «...... 2005 ـ يىل 11 ـ ئايدا، كۇچا ناھىيىسى ئۆزۈن يېزىسى مائارىپ ئىشخانىسىغا 200 يۈەن ئىئانە قىلىن-دى؛ 2005 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1500 يۈەن ...... »




قاھار قۇربانىنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن، كۇچا ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىدىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىدارە بويىچە 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ توپلاپ، لەڭگەر يېزىسىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلدى.







قاھار قۇربان ئۆزىنىڭ چىن كۆڭلى ئارقىلىق، نامرات بالىلارغا تۈگىمەس - پۈتمەس مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلدى. ئۇ، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋرنىڭ مەدھىيە ناخشىسىنى يازدى، شۇڭا، ئۇ بىر قانچە قېتىم كۇچا ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى.



## چەكسىز مېھىر - شەپقەت

ھەسەنجانغا بەختسىزلىك چاپلاشتى. ئۇ «جىددىي خاراكتېرلىك ئىككىلەمچى جىگەر نېكروزلىنىش كېسەلى» گە گىرىپتار بولدى. لېكىن ھەسەنجاننىڭ يەنىلا تەلىيى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كېسەلى ئۇنى كەڭ تېببىي خادىملار بىلەن چەمبەرچاس باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارىم ۋادىسىغا جايلاشقان ئاددىي ئۇيغۇر ئائىلىسىدە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مۇنداق ۋەقە يۈز بەردى ...

ھەسەنجاننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالتە بالىسى بار ئىدى. چوڭ ئوغلى تۇراخۇن ئۈرۈمچىدە ئىشلەيتتى. ھەسەنجان بالىلارنىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ، ئاچىسى پاتىگۈل بىلەن قوشكېزەك ئىدى. سىڭلىسى زورىگۈل بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، يېقىندىلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەنىدى.



ھەسەنجان ئايالى بىلەن 35 مو كېۋەز يېرىنى كۆتۈرە ئالغان بولسىمۇ، تاپقان پۇلى ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن يىراق ئىدى. ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن سىڭلىسىنىڭ ئوقۇشىنى تاماملىشى ئۈچۈن، ئۆيدىكىلەرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ھەسەنجان پۇل يىغىش قىلىپ بىر كىرا ئاپتوموبىلى سېتىۋالدى.





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com